□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ

□بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھەسەنجان ئابدۇكېرىم

پومپېئو، جېك گوئېن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ، قارا چاپلىدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشىغا خالىغانچە تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىمەن ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن!

مەن پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى، تەربىيەسى، يېتىشتۈرۈشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن پارتىيەلىك كادىر. دادام ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي، ئارمىيەدىن چېكىنگەندىن كېيىن جېك تۈزچىلىق مەيدانىنىڭ خىزمەتچىسى بولغان. كىچىك ۋاقتىمدا دادام دائىم بىز بەش ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارغا پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش، سەممىي ئادەم بولۇش، سەممىي ئىش قىلىش كېرەكلىكى، قۇدرەتلىك دۆلەت بولغاندىلا بەختلىك كىچىك ئائىلە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. دادامنىڭ تەلىمى قەلبىمىزگە ئۇرۇق سالغانىدى. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىفەن شۆيۈەننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن شەرەپ بىلەن خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم، كېيىن يەنە خەلق ساقچىسى، تەرجىمان، كاتىپ، بوغالتىر، كاسسىر قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندىم. 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردىم. مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بورتالالىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كىچىكىمدىن تارتىپلا خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق قېرىنداشلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىناق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق، خاتىرجەم تۇرمۇش مۇھىتىدىن بەھرىمەن بولدۇم، ھەر مىللەتتىن بولغان نۇرغۇن ياخشى دوست تۇتۇپ، ئۆزئارا چوڭقۇر ھېسسىيات ئورناتتىم. ھەر يىلى ھېيت ـ بايراملاردا بىز ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، ئۆزئارا ھېيتلىشىپ، بەخت تىلەيمىز. بىز بىرلىكتە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇق.

مەن پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى بولمىسا بۈگۈنكى كۈنۈمنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىمەن. بەختلىك تۇرمۇش تەستە قولغا كەلگەن، بىز ئۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك. ھازىر، بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشتى، تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامرات ئائىلىلەردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ «ئوقۇشقا تېگىشلىكلىرى تولۇق ئوقۇش»ى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامرات نوپۇسنىڭ تۈرلۈك داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشتا تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يول ئەسلىھەلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ مۇھىتى ئولتۇراقلىشىشقا تېخىمۇ باب كېلىدىغان بولدى. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلىندى.

ئۇيغۇرلاردا مۇنداق ماقال ـ تەمسىل بار: «ئىتلار قاۋاۋېرىدۇ، كارۋانلار يۈرۈۋېرىدۇ.» ھەرقانداق تۆھمەت ۋە يامان غەرەزدىكى قارا چاپلاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

پومپېئو، جېك گوئېننىڭ سۇيىقەستى ھامان مەغلۇپ بولىدۇ

□كەلپىن ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامۇت مامۇت

يېقىندا، پومپېئو، جېك گوئېن شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، بۇرمىلاپ ئۇيدۇرۇپ چىقىرىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلدى، خاراكتېرى قەبىھ، غەرەزى رەزىل، ئۇلارنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا زومىگەرلىك لوگىكىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان كەلپىنلىك، ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بۇ يىللاردا كەلپىننىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن پاكىت ئارقىلىق پومپېئو، جېك گوئېننىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىمەن.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەن ئىزچىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم. كەلپىن ناھىيەسى ئىلگىرى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بولۇپ، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا، بىز «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» ۋە «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش» بويىچە يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويدۇق. سىياسەت جەھەتتىن قوللاش ئارقىلىق، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلدۇق. 2020 ـ يىلى كەلپىن ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇستەھكەملەش مەزگىلىگە قەدەم قويدى، بىز «قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ مەسئۇلىيەتنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ سىياسەتنى توختاتماسلىق، قالپاق ئېلىۋېتىلسىمۇ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى توختاتماسلىق» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئەسلىدىكى سىياسەتنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۆلەش سالمىقىنى كېمەيتمەي، ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتۇق. ئىلگىرىكى نامرات ئائىلىلەر ھازىر ئازادە، يورۇق ئەمىن ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان بولدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇردۇق؛ بىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىدۇق.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشقان. مەن پومپېئو، جېك گوئېنلارنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشىغا يامان غەرەزدە بوھتان چاپلىشىغا ۋە ئۇنى يوققا چىقىرىشىغا قەتئىي يول قويمايمەن.

بۇ يەردە، مەن پومپېئو ئېقىمىدىكىلەرنى رەسمىي يوسۇندا شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق پۈتتۈش ئىشەنچى ئۇيۇل تاشتەك چىڭ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ھامان مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پومپېئو، جېك گوئېن مەيلى قانداق يالغانچىلىق قىلسۇن، قانداق ئالدامچىلىق قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىنى توسۇيالمايدۇ!

پاكىت ئارقىلىق يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئېچىپ تاشلايمەن

□خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى كەسپىي تېخنىكا مائارىپى شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتتۇرسۇن ياقۇپ

پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلىدى. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

مەن خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، بىر ئاددىي دېھقان ئوغلىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئايلاندىم، مەن بۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن. مېنىڭ قىزىممۇ داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولدى، ھازىر بەختلىك ئائىلە قۇردى، ئوغلۇم ئىچكىرىدىكى تىببىي داشۆدە ئوقۇۋاتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىگە، پەقەت بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭلا سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ بىپايان تۇپراقتا خىزمەت قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىمغا 57 يىل بولدى، مېنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىم شۇكى، تەرەققىيات بارغانسېرى تېز بولۇۋاتىدۇ، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭ كۆرگىنىم، پۇقرالارنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ تولۇق ھۆرمەت قىلىنغانلىقى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كەيپىياتى جۇشقۇن، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىۋاتقانلىقى بولدى؛ كۆرگىنىم، نامرات نوپۇسنىڭ ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقى، ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى، ئەمگەكچىلەرنىڭ تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى ياخشىلىنىپ، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنلىكى بولدى؛ كۆرگىنىم، مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانلىقى، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى بولدى؛ كۆرگىنىم، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكى، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ ئۈنۈملۈك قوغدالغانلىقى بولدى؛ كۆرگىنىم، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختا ئالغا سىلجىتىلغانلىقى، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك شىنجاڭنىڭ كىشىلەر تەلپۈنىدىغان ساياھەت مەنزىلگاھىغا ئايلانغانلىقى بولدى؛ كۆرگىنىم، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، سوتسىيالىزمنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشتەك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلغانلىقى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ «تېز سۈرئەتلىك يول»غا كىرگەنلىكى بولدى.

مېنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى ئاددىي دېھقان. مەن ھەر قېتىم يۇرتۇمغا قايتىپ تۇغقانلىرىمنى يوقلىغاندا، يېزىلاردا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم: كېسەك ئۆيلەر ئەمىن ئۆيلەرگە ئۆزگىرىپتۇ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ھەقسىز ئوقۇيدىغان بوپتۇ، كەنتلەرگە قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىراغلىرى ئورنىتىلىپتۇ، يوللار توپا يول، تاش ـ شېغىل يولدىن پۈتۈنلەي سېمونت يول ۋە ئاسفالت يولغا ئۆزگىرىپتۇ. پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن نەپ ئېلىپ، شەھەر ـ يېزىلاردا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، كەنتتىكى ھەربىر كىشى بىرەر ماھارەت ئۆگىنىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى. تۇرمۇشى بېيىپ، يۇرتداشلارنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم كۆپەيدى. بىزنىڭ شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاما ئەركىن، بەختلىك، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز گۈزەل. ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش تولۇق قاپلىدى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىجتىمائىي كاپالەت، ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىمۇ گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىلگىرى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بەختلىك تۇرمۇشنى كەچۈرۈۋاتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەنلىكى، تەرەققىي قىلغانلىقىدەك پاكىت پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان پولاتتەك پاكىت. پومپېئونىڭ رەزىل قىلمىشى ۋە پەسكەش ھىيلە ـ نەيرىڭى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىنىڭ بازىرى قالمىدى

□ئۈرۈمچى شەھىرى يامالىق تېغى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆھرەت ئابلىكىم

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيىتى تېز تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە كىردى، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىدى، بولۇپمۇ تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى بارغانسېرى كۆپ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈردى. لېكىن، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى، گۈللىنىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلدى. 40 يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان پارتىيەلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەزمەن قىلچە ئىككىلەنمەي ئوتتۇرىغا چىقىپ، خىزمەت كەچۈرمىشىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم ۋە بىۋاسىتە ھېس قىلغانلىرىم ئارقىلىق، پومپېئونىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلايمەن.

مەن ئىزچىل شىنجاڭدا ياشاپ كەلدىم، كىچىكىمدىن قىسىم قورۇسىدا چوڭ بولدۇم. ئۇ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، بىز ئىناق بىللە ياشاپ، باراۋەر مائارىپتىن بەھرىمەن بولدۇق. ئاتا ـ ئانامنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆگىتىشى ـ يېتەكلىشى بىلەن، كىچىكىمدىلا كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم، شۇڭا مەن كىچىكىمدىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىشكە ئىرادە باغلىدىم. مەن 1981 ـ يىلى ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىردىم، 1985 ـ يىلى شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولدۇم. مەن ئەسلىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى ئۇنتۇماي، ھەرۋاقىت ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاكتىپ ئىشلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزۈمنى بېغىشلاپ، خىزمەتداشلىرىم ھەمدە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتىم. 2016 ـ يىلى، مەن يامالىق تېغى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىغا كېلىپ خىزمەت قىلدىم. ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرى، يامالىق تېغى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار دېگەن سۆزگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ كۆپ يىل تىرىشىشى ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق «يېشىل ئۆپكە» ــ يامالىق تېغى باغچىسى قۇرۇلۇپ چىقىلدى. بۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاھالىلەرمۇ كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ شەرق شامىلىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ئاددىي بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردىن ئازادە، يورۇق بىنا ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، ئۇل ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، تۇرالغۇ مۇھىتى ئۈزلۈكسىز گۈزەللىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىناق ئۆتۈپ، ئۆز يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇردى. جۇڭخۇا مىللىتى بىر چوڭ ئائىلە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا بۆلگۈنچىلىك قىلىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ. ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ــ بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق ــ ئاپەت، بۇ يىمىرىلمەس ھەقىقەت. جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن، پومپېئونىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن غەزەپلىنىمەن. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى پومپېئونىڭ ئاساسسىز سۆزلىرى بىلەنلا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆربىلجىن (بىڭتۇەن ـ يەرلىك، لياۋياڭ) سانائەت باغچە رايونى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاشنى ئاساس قىلغان باغچە رايونى بولۇپ، ھازىر ماكانلاشقان كارخانىدىن 16سى بار، يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە 5000دىن ئارتۇق كىشىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتراپتىكى 1 مىليون موغا يېقىن ئاشلىق، كىچىك شىرنىلىك مېۋە، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ۋە 100 مىڭ تۇياق كالا ـ قوي بېقىشقا تۈرتكە بولۇپ، بۇلتۇر ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى.

باغچە رايونىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى شىنجاڭ لۇڭخۇيۈەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىمۇ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان قارىقات شەربىتى، مېۋە قىيامى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى ئاخىرقى قېتىم تەڭشەشكە تەييارلانماقتا. شىنجاڭ لۇڭخۇيۈەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى چاڭ مياۋ مۇنداق دېدى: «بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق مېۋە ـ كۆكتات پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئاساسلىقى قارىقات، جىغان قاتارلىق كىچىك شىرنىلىك مېۋىلەرنى پىششىقلاشنى ئاساس قىلىدۇ، سائەتتە 1.5 توننا يېڭى مېۋە پىششىقلاپ، 6000 بوتۇلكا ئەتراپىدا تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيتىلىپ ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى، يەنە بىر تەرەپتىن مەھسۇلاتتا يېڭىلىق يارىتىلدى، 3 ـ ئاي كىرىشى بىلەن سانائەت باغچە رايونى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىكى تەيخېفۇخۇا پۇرچاق مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ پۇرچاق سۈتى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ شىركەتنىڭ خىزمەتچى خادىمى زېڭ شياۋخۇڭ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل، شىركەت پۇرچاق مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگۇيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن